# 116064 - پەرز ناماز بىلەن نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى سۆز ياكى ئورۇندىن يۆتكۈلۈش بىلەن ئايرىپ ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

## سوئال

پەرز ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولسام، كۆپ جاينىڭ مېنىڭ سەجدە قىلغانلىقىمغا گۇۋاھ بولىشى ئۈچۈن پەرز ئوقۇغان جايدىن يۆتكۈلۈپ نەپلە ئوقۇشۇم ياخشىمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پەرز ناماز بىلەن نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى سۆز بىلەن ياكى باشقا جايغا يۆتكۈلۈش بىلەن ئايرىپ ئوقۇش ياخشى بولىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى نەپلە نامازنى ئۆيگە بېرىپ ئوقۇغان ياخشى، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە، مۇسۇلماننىڭ پەرز نامازلاردىن باشقا نامازنى ئۆيدە ئوقۇغىنى ئەۋزەلدۇر. بۇنىڭ دەلىلى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە: **«جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، سۆز قىلىۋېتىپ ياكى باشقا جايغا چىقىپ ناماز ئوقۇغىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان، نامازنى نامازغا ئۇلىماستىن سۆز قىلىۋېتىپ ياكى باشقا جايغا يۆتكىلىپ ئادا قىلىشقا بۇيرىغان.»** [مۇسلىم رىۋايىتى 1463-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىس بىزنىڭ شاپىئىي مەزھەب ئۆلىمالىرى ئىبىتقان سۈننەت ۋە نەپلە نامازنى، پەرز ئوقۇغان جايدىن باشقا جايغا يۆتكۈلۈپ ئوقۇش ياخشى، بولۇپمۇ ئۆيگە بېرىپ ئوقۇسا ئەۋزەلدۇر. پەرز نامازنىڭ شەكلىنى نەپلە نامازدىن ئايرىش ئۈچۈن ياكى ئۆزىنىڭ سەجدە قىلغان ئورنىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، مەسچىتتە باشقا جايغا يۆتكۈلۈپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ دېگەن سۆزگە دەلىل بولىدۇ، شۇنىڭدەك ھەدىستىكى سۆز بىلەن ئايرىش دېگەن سۆزمۇ ئىككى نامازنىڭ ئارىسىنى سۆز بىلەن ئايرىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئەمما بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان بويىچە يۆتكۈلۈپ ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىپەدىلىنىدۇ". توغرىسىنى ئاللاھ تائالا بىلگۈچىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
**«سىلەرنىڭ بىرىڭلار پەرز ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا، ئالدى ياكى كەينىگە ياكى ئوڭ-سول تەرەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇشتىن ئاجىز كىلەمدۇ؟»**. [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى 854-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى 1417-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانىي رەھمەھۇللاھ ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ "پەتىۋا كۇبرا" ناملىق ئەسەر 2-توم 359-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "جۈمە نامىزى ۋە باشقا نامازلارنى ئوقۇغاندا پەرز ناماز بىلەن نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى ئايرىش سۈننەت بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە نامازنى ئۇلاپ ئوقۇماستىن، پەرز نامازنى نەپلە نامازدىن سۆز ياكى باشقا جايغا يۆتكىلىش بىلەن ئايرىپ ئوقۇشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ ئەمما كۆپچىلىك كىشلەر سالامغا ئۇلاپلا سۈننەت نامازنى ئوقۇۋېتىدۇ، مانا بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە چەكلىگەن ئىشتۇر، بۇنىڭدىكى ھكمەت پەرز ناماز بىلەن پەرز بولمىغان نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتۇر، شۇنىڭغا ئوخشاش؛ ئىبادەت بىلەن ئىبادەت بولمىغان ئىشلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئىپتارنى دەل ۋاقتىدا ئالدىراپ قىلىش، سوھۇرلۇقنى كىچىكتۈرۈپ يىيىش، روزا ھېيت كۈنىدە ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ناشتا قىلىش، رامىزاندىن بىر-ئىككى كۈن ئىلگىرى روزا تۇتماسلىققا ئوخشىغان ئىشلار، پەرز روزا بىلەن نەپلە روزىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئىبادەت بىلەن ئىبادەت بولمىغان ئىشلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان جۈمە نامىزى بىلەن باشقا نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتىن ئىبارەتتۇر".

پەرز ناماز بىلەن نەپلە نامازنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتىكى سەۋەپ بولسا، پەرقلىق بولغان نامازنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتۇر، بەزى ئالىملار بۇنىڭدىن باشقا سەۋەپلارنى بايان قىلدى، ئۇ بولسىمۇ: قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئىبادىتىگە گۇۋاھ قىلىش ئۈچۈن سەجدە قىلىدىغان جاينى كۆپەيتىشتىن ئىبارەتتۇر، يۇقىرىدا ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھمۇ بۇنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

رەملى رەھمەھۇللاھ "نىھايەتۇل مۇھتاج" ناملىق ئەسەرنىڭ 1-تومى 552-بېتىدە مۇنداقدەيدۇ: "سەجدە قىلغان ئورۇننى كۆپەيتىش، بۇ ئورۇنلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە گۇۋاھ بولىشى، زېمىننىڭ ھەممە جايلىرىنى ئىبادەت بىلەن گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پەرز ياكى نەپلە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، دەسلەپتە ناماز ئوقۇغان جايدىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ ناماز ئوقۇش سۈننەتتۇر، ئەگەر ئورنىدىن يۆتكەلمىسە سۆز قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئايرىسىمۇ بولىدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.